# 40608 ـ ھەيزدار ئايالنىڭ ئېھرام كىيىدىغان ۋاقىتتىن باشلاپ ھەج ئاخىرلاشقىچە قىلىدىغان ئىشلىرى

**سۇئال**

ئايال كىشى ھەج كۈنلىرىنىڭ ئەۋۋىلىدە مەككىگە كىرىشتىن بۇرۇن ئادەت كۆرۈپ قالغان بولسا قانداق قىلىدۇ؟، بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

**تەپسىلى جاۋاپ**

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەتۋە سالاملىرى بولسۇن.

ھەجنى مەقسەت قىلغان ھەيزدارئايال ئېھرام كىيىدىغان جايدىن ئۆتمەكچى بولسا ئېھرام كىيىدۇ، مەككىگە كەلگەندەكەبىنى تاۋاپ قىلىش بىلەن ساپا ـ مەرۋە ئارىسىدا سەئيى قىلىشتىن باشقا ھاجىلار قىلىدىغان پائالىيەتلەرنىڭ ھەممىسىنى قىلىدۇ، بۇ ئىككىسىنى ھەيزدىن پاك بولغانغا قەدەر كېچىكتۈرىدۇ، ئېھرام كىيىپ بولغاندىن كېيىن، كەبىنى تاۋاپ قىلىشتىن ئىلگىرى ئادەت كۆرۈپ قالغان ئايالالارنىڭ ھەممىسى مۇشۇنداق قىلىدۇ.

ئەمما كەبىنى تاۋاپ قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئادەت كۆرۈپ قالغان ئايال بولسا،گەرچە ھەيزدار بولسىمۇ ساپا ـ مەرۋە ئارىسىدا سەئيى قىلسا بولىدۇ.

دائىمىي كومىتېتى ئۆلىمالىرىدىن:ئادەت كۆرۈپ قالغان ئايالنىڭ ھەججى قانداق بولىدۇ؟دەپ سورالغاندا، ئۇلار جاۋاپ بېرىپ مۇنداق دېگەن:ئادەت كۆرۈپ قىلىش ھەج قىلىشتىن چەكلىمەيدۇ، ھەيزدار ھالەتتە ئېھرام كىيگەن ئايال كەبىنى تاۋاپ قىلىشتىن باشقا ھەج پائالىيەتلەرنىڭ ھەممىسىنى قىلىدۇ، تاۋاپنى ھەيزدىن پاك بولغاندىن كېيىن يۇيۇنۇپ قىلىدۇ، نىپاسدار ئايالالارمۇ شۇنداق قىلىدۇ، ھەجنىڭ پەرىزلىرىنى تولۇق ئادا قىلغان بولسا قىلغان ھەججى توغرا بولىدۇ".[دائىمىي كومىتېت پەتىۋاسى" 11-توم 172-173-بەتلەر].

شەيخ مۇھەممەد ئىبنى سالىھ ئۇسەيمىين رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ:ئۆمرىنى مەقسەت قىلغان ئايالنىڭ گەرچە ئادەت كۆرۈپ قالغان بولسىمۇ مىيقاتتىن ئېھرامسىز كىرىشى توغرا ئەمەس، ھەيزدار ھالەتتە ئېھرام كىيسىمۇ ئېھرامى توغرا بولىدۇ، بۇنىڭ دەلىلى:ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇئەنھۇنىڭ ئايالى ئەسما بىنتى ئۇمەيس رەزىيەللاھۇئەنھا پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ھەج قىلىشنى مەقسەت قىلىپ زۇلھۇلەيفىگە چۈشكەندە تۇغدى، ئۇ پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا:مەن قانداق قىلىمەن؟دەپ سورىغىلى ئادەم ئەۋەتكەن ئىدى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: يۇيۇنۇپ، رەختدەك بىر نەرسە قويۇۋېتىپ ئېھرامغاكىرسۇن دېگەن.

ھەيزنىڭ قىنى نىپاسىنىڭ قىنىغا ئوخشايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ھەيز كۆرۈپ قالغان ئايال ھەج-ئۆمرىنى مەقسەت قىلىپ مىيقاتتىن ئۆتىدىغان ۋاقىتتا، ئۇنىڭغا:"يۇيۇنۇپ، رەختتەك بىر نەرسە قويۇۋېلىپ، ئېھرام كىيىڭ"دەيمىز. لېكىن ئۇ ئايال ئېھرام كىيىپ مەككىگە كەلگەندە، پاك بولمىغۇچە بەيتۇللاغا كىرمەيدۇ، كەبىنى تاۋاپ قىلمايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئائىشە رەزىيەللاھۇئەنھا ئۆمرىگە ئېھرام كىيىپ كەبىنى تاۋاپ قىلىشتىن ئىلگىرى ئادەت كۆرۈپ قالغاندا: «كەبىنى تاۋاپ قىلىش بىلەن ساپا-مەرۋە ئارىسىدا سەئيى قىلىشتىن باشقا ھاجىلار قىلىدىغان پائالىيەتلەرنىڭ ھەممىسىنى قىلىڭ، تاۋاپىنىھەيزدىن پاك بولغانغاقەدەرقىلماڭ» دېگەن. [بۇ ھەدىسنى بۇخارى بىلەن مۇسلىم رىۋايەت قىلغان].

بۇخارىنىڭ ئائىشە رەزىيەللاھۇئەنھادىن بايان قىلىنغان يەنە بىر رىۋايىتىدە: ئائىشە رەزىيەللاھۇئەنھا پاك بولغاندىن كېيىن كەبىنى تاۋاپ قىلىپ، ساپا-مەرۋە ئارىسىدا سەئى قىلغاندەپ بايان قىلىنغان. بۇ ھەدىس: ئايال كىشى ھەيىزدار ھالەتتە ھەج-ئۆمرىگە ئېھرام كيىگەن بولسا ياكى كەبىنى تاۋاپ قىلىشتىن ئىلگىرى ئادەت كۆرۈپ قالغان بولسا پاك بولۇپ يۇيۇنمىغۇچە تاۋاپ-ساپا قىلمايدۇ، ئەمما تاۋاپنى پاكىز ھالەتتە قىلىپ، تاۋاپ قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئادەت كۆرۈپ قالغان بولسا داۋاملاشتۇرۇپ، ھەيزدار ھالەتتىمۇ ساپا-مەرۋە قىلىدۇ، چېچىنى قىسقارتىپ، ئۆمرە پائالىيىتىنى ئاخىرلاشتۇرىدۇ،چۈنكى ساپا-مەرۋە ئارىسىدا سەئيى قىلىشتا تاھارەت بولۇش شەرت ئەمەس. ["ھەيز توغرىسىدىكى 60 سوئال"ناملىقئەسەردىن54-سوئال].

ئاللاھ تائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.